# «دۆلەتنى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇش قانۇنى» يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 15 يىللىقى سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جا ۋېيبى)** «دۆلەتنى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇش قانۇنى» يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 15 يىللىقى سۆھبەت يىغىنى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى جەنشۇ يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «دۆلەتنى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نىڭ مۇھىم رولىنى چوڭقۇر تونۇپ، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىكىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

لى جەنشۇ مۇنداق كۆرسەتتى: «دۆلەتنى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇش قانۇنى»دا ئاساسىي قانۇن ئاساس قىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەت توغرىسىدىكى زور سىياسەت - فاڭجېنلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»دە چىڭ تۇرۇش، ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش تۈزۈم سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، «مۇستەقىللىق»قا قارشى تۇرۇپ، بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تەلىپىنىڭ مۇھىم مىزانى. يولغا قويۇلغان 15 يىلدىن بۇيان، تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇستەھكەم قانۇنچىللىق كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

لى جەنشۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىر مەزگىلدىن بۇيان، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچى كۈچلىرى ۋەزىيەتكە خاتا ھۆكۈم قىلىپ، ئۇزۇلۇكسىز ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، ئىككى قىرغاقتىكى قېرىنداشلارنىڭ جانجان مەنپەئەتى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ، تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بىزنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش تۈۋەن چېكىمىزگە ئېغىر خىرىس قىلدى، جەزمەن قەتئىي توسۇپ زەربە بېرىش كېرەك. دۇنيادا بىرلا جۇڭگو بار، چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تەيۋەن بىر جۇڭگوغا تەۋە. «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلىرى قانداق «مۇستەقىللىق» نەيرەڭى ئىشلىتىشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى قانۇنسىز، ئىناۋەتسىز؛ ئۇلارنىڭ قانداقلا ئۇرۇنۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى بىكار ئاۋارە بولغانلىق؛ ئۇلارنىڭ چەت ئەل كۈچلىرى بىلەن قانداق تىل بىرىكتۈرۈپ ئويۇن قويۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەيۋەننىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدەك تارىخ ۋە قانۇنىي پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» تۈيۈق يول، قانۇن بىلەن ئويناشقانلار جەزمەن قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ.

لى جەنشۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قېرىنداشلار قول تۇتۇشۇپ «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»گە ئورتاق قارشى تۇرۇشى، بىرلىككە كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەت باشتىن - ئاخىر تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ مەنپەئەتى، بەخت - سائادىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئالاقىسى، ھەمكارلىقى ئۈچۈن پائال شارائىت يارىتىپ بەردى. كەڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ھەقىقىي جۇڭگولۇقلاردىن بولۇپ، تەيۋەننىڭ مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئورنى ۋە رولى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» كۈچلىرىنىڭ يوشۇرۇن يامان غەرىزىنى ئېنىق تونۇپ، مىللىي ئادالەتتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

لى جەنشۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى شەكىل. بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى. بىز تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەڭ بوشلۇق يارىتىشنى خالايمىز، لېكىن بىز ھەر خىل شەكىلدىكى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگە ھەرگىز ھېچقانداق بوشلۇق قالدۇرمايمىز. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، بوشاشماي تىرىشىپ، مىللىي ئادالەتنى ئورتاق زىممىسىگە ئېلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

سۆھبەت يىغىنىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ چېن رىياسەتچىلىك قىلدى. شۈ چىلياڭ، ياڭ جيېچى، يوۋ چۈەن قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەيۋەن خىزمىتى ئىشخانىسى، گوۋۇيۈەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ليۇ جيېيى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شېن چۈنياۋ، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت بىرلەشمە سەنموبۇسىنىڭ سەنموجاڭى لى زوچېڭ، جۇڭگو تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شياڭگاڭ باش جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى ياۋ جىشېڭ سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلدى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ھەم بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلىرى قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

شۇ كۈنى جۇڭگو پوچتا ماركىسى توپلاش باش شىركىتى «دۆلەتنى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 15 يىللىق خاتىرە كونۋېرتىنى تارقاتتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەمكارلىق ئەسلەتمىسى ئىمزالاشتىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېيجىڭ داشۆ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، بېيجىڭ داشۆ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چيۇ شۈيپىڭ، مەكتەپ مۇدىرى خاۋ پىڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: ھەمكارلىق ئەسلەتمىسى ئىمزالاش شىنجاڭ بىلەن بېيجىڭ داشۆنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزئارا قوللىغانلىقىنىڭ جانلىق كارتىنىسى، شۇنداقلا ئۇ ھەمكارلىقنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى. شىنجاڭ ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم قانال، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يادرولۇق رايونى بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى رەڭدار، مەدەنىيىتى ئۆزگىچە، سېھرىي كۈچكە تولغان. بېيجىڭ داشۆنىڭ ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى خىزمىتى جەھەتتىكى ئوقۇتقۇچىلار كۈچى كۈچلۈك، تېخنىكا ئۇسكۈنىلىرى ئىلغار بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، دۇنيادىمۇ ناھايىتى زور تەسىر كۈچىگە ئىگە. شىنجاڭ كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى خىزمىتىنى بەجانىدىل ياخشى قانات يايدۇرۇشنى ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بېيجىڭ داشۆنىڭ ئارخېئولوگىيە قاتارلىق پەنلەردىكى ئەۋزەللىكىنى، ئىختىساسلىقلار - ئەقلىي ئىقتىدار ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەت كۈچلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ تاللاپ، كۆچەيتىپ سەپلەپ، بۇ تۈرلۈك خىزمەتنى يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن پىلانلاپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە يولغا قويۇپ، يۇقىرى سەۋىيەدە ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

چيۇ شۈيپىڭ مۇنداق دېدى: مەدەنىيەت ئىشەنچى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزنىڭ تىرەكى، تېخىمۇ شانلىق كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىمىزنىڭ مۇھىم تىرەكى. بېيجىڭ داشۆ ئەڭ بۇرۇن ئارخېئولوگىيە ئىلمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئاپپاراتىنى تەسىس قىلغان. بېيجىڭ داشۆنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات تارىخى جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تارىخى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش دېگۈدەك ئۇزاق بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئارخېئولوگىيە ئىلمى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كەسپىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان. شىنجاڭ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا دائىر تۈرلۈك ئىشلاردا مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بېيجىڭ داشۆ ھەمكارلىق ئەسلەتمىسىدىكى تۈرلۈك مەزمۇنلارنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ بىلەن بىرلىكتە يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى خىزمىتىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ.

خاۋ پىڭ مۇنداق دېدى: يىپەك يولى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى چوڭ تومۇر، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ قانىلى. لىنيە بويى رايونلىرىدىكى نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسارئەتىقىلەر شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، مەدەنىيلىككە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ماددىي گۇۋاھى بولۇپ، ئۆز ئىچىگە ئالغان. بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە پېنىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ قېتىم شىنجاڭ بىلەن ھەمكارلىق ئەسلەتمىسى ئىمزالاشنى پۇرسەت بىلىپ، ئارخېئولوگىيە پېنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ. بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە كەسپىنى تەسىس قىلغاندىن تارتىپ تەرەققىي قىلدۇرغانغا قەدەر، كۆپ يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش، ماس تەرەققىي قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالاقە، ھەمكارلىقنى ھەر تەرەپلىمە كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، بىر تۈركۈم تەسىر كۈچىگە ئىگە نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلىپ، ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم بىلىم، ئىقتىدارغا ئىگە كەسپىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتونوم رايون ۋە بېيجىڭ داشۆ رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ بو، جاڭ پىڭۋېن قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

كېلىشىم بويىچە، ئىككى تەرەپ شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ۋە تەتقىق قىلىش، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش، مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئورتاق قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى يەر بەلگىسى، دۆلەت يادىكارلىقلار باغچىسى قاتارلىق مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، كەسپىي ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش، ئىلمىي مۇھاكىمە مۇنبىرى ئۆيۈشتۇرۇش ھەم تاشقى ئالاقە ھەمكارلىقى قاتارلىقلارنى ئورتاق ياخشى ئىشلەيدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۆگۈنكى شىنجاڭدا يۇرت - ماكان ئامان - ئېسەن بولۇپ، قىياپەت يېڭىلاندى.

## باش نىشان ——

### شىنجاڭنىڭ بارلىق خىزمىتىدە كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە قويۇش كېرەك

2014 - يىلى 4 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان سەممىي غەمخورلۇقى ۋە چوڭقۇر رىشتىنى قەلبىگە پۈكۈپ، شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم بازار قەشقەردىن مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگىچە، ئۇ خەلق تۇرمۇشى، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، تەرەققىيات ئۈستىدە توختالدى، تۆت كۈنلۈك سەپەردە ناھايىتى ئالدىراش ئۆتتى. «شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.» «شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە قويۇش كېرەك»... باش شۇجىنىڭ قىلغان بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرى يېڭى ۋەزىيەتتىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

بىر ئايدىن كېيىن بېيجىڭدا ئېچىلغان 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، تۈپ تەلىپى، ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى. بۇ پارتىيەمىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى يەنىمۇ بېيىتىپ، يۈكسەلدۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇلۇغ يېڭى مۇساپە ئېچىپ بەردى.

باش نىشان باش يېتەكچى، بايراق، يۆنىلىش.

باش شۇجىنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئالتە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى باشتىن - ئاخىر دىققەتنى باش نىشانغا، باش نىشانىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مىللەت - دىن، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق بارلىق خىزمەتلەرنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت بۇ باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ پىلانلىدى، ئالغا سىلجىتتى.

ئالتە يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە باش نىشان بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ئىشلاردا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولدى.

ئالتە يىلدىن بۇيان، بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ياشاپ كەلگەن شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى باش شۇجىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، قەيسەرانە ئىزلىنىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكەتتى ئارقىلىق باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى قوشتى.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئۇدا 41 ئاي زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىدى، جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ئامانلىق دېلولىرى، بىخەتەرلىككە خەۋپ يەتكۈزۈش دېلولىرى، ئاممىۋى بىخەتەرلىك ۋەقەلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

## تۈپتىن تۈزەش ——

### دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان تۈزۈش، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ئەبەدىي ئەمىنلىك ۋەزىيىتى يارىتىش، ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش

«ۋاڭ شۇجى، ئارپىبەدىيان ئۈستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەش بەك ۋاقتىدا بولدى، بۇ يىل ئائىلىمىز 32 مو ئارپىبەدىيان تېرىغاندى، بەك ياخشى ئايندى، سىلەرگە كۆپ رەھمەت.» 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، يوپۇغا ناھىيەسىنىڭ تېرەم بازىرى يىلتىزلىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەركىن ماموت ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتىنىڭ بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋاڭ شۈۋۈنى كۆرۈپ، يېنىش - يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتتى.

كەنتتە تۇرغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ۋاڭ شۈۋۈ بىلەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئاممىنى تۇغقىنىدەك كۆرۈپ، يۇرتداشلار ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ھەل قىلىپ، ياخشى سىياسەتلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كەنتتىكىلەرنى پۈتۈنلەي نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، خەلق رايىنى ئۇتۇپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈش، كۆپ تەرەپ تەڭ تۇتۇش قىلىش، بوشاشماي كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق كەلگۈسىگە نەپ يەتكۈزۈشكە ئاساس سېلىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

ئالتە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداشنى باشتىن - ئاخىر ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان سىياسىي ۋەزىپە، تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، باش نىشاننى چۆرىدەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، تۈپ خاراكتېرلىك، ئۇزۇنى كۆزلىگەن، ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك تۈرلەرنى بىر - بىرلەپ پۇختا ئىشلىدى.

— تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئاتتى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئۇنۇمۇبرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى دائىملاشتۇرۇش، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. ئىدېئولوگىيەنى پۇختا تۇتۇپ، ئىدىيە بازىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىدىن تۈزەپ مەنبەدىن ساپلاشتۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملىدى.

— «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاممىسى بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىللە ئولتۇراقلىشىپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئىشلەپ، بىللە كۆڭۈل ئېچىپ، ئۆرۈق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتنى تەڭ تارتىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتتى.

— «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى سىجىل قانات يايدۇردى. 2014 - يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يەتتە تۈركۈمدە جەمئىي 490 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق كادىرنى كەنتتە تۇرۇشقا تاللاپ ئەۋەتىپ، كەنت(مەھەللە)تە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى. كەنتتە تۇرۇشلۇق كەڭ كادىرلار ئىسلاھات، تەرەققىيات ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ بىرىنچى سېپىدە، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە سادالىق كۆچەيدى، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

قەتئىيلىكى بىلەن ئاساسىي قاتلامغا مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى قوشتى.

...

كىچىك غەلىبىلەر ئارقىلىق چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇزاققىچە نەتىجە يارىتىش كېرەك. بىر قاتار پۇختا بولغان ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرلىرى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

## ئۇزاق كەلگۈسىگە پايدا يەتكۈزۈش ——

### مۇقىملىق پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەم ياشىدى

قەشقەر قەدىمىي شەھەر مەنزىرە رايونىدا، توردا ئالقىشلانغان جەزمەن بېرىش نۇقتىسى «گۈلنىڭ ئۆيى» بېزىلىپ يېپيېڭى تۈسكە كىردى، ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىنا رەڭدار بېزەلگەن بولۇپ، پۈتۈن ھويلىنى جۇلالاندۇرغانىدى.

«بۇ بىرنەچچە يىلدا قەشقەرگە ساياھەتكە كېلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، ساياھەتچىلەرنى تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇ يىل مەن بۇ يەرنى پۇقراۋى قونالغۇغا ئۆزگەرتىپ، ئالتە ئېغىز ياتاق كۆپەيتتىم» دېدى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «گۈلنىڭ ئۆيى»نىڭ ئىگىسى سالامەتگۈل قارى خۇشال ھالدا.

2017 - يىلى تىجارەت باشلىغاندىن بۇيان، «گۈلنىڭ ئۆيى»نىڭ سودىسى ئىزچىل ياخشى بولدى. سالامەتگۈلنىڭ 3000دىن ئارتۇق ئۈندىدار دوستى بار، دوۋيىن سۈپىسىدا 100 مىڭدىن ئارتۇق تورداشنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

«ئومۇمەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىكى ئىش پارتىيەمىزنىڭ كۈرەش نىشانىدۇر.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: مۇقىملىقنى قوغداش ئارقىلىق ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئالتە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بەردى. مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشىدى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

2017 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە تىرىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەل بۆسۈپ ئۆتۈلۈپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %7.6 ئاشتى. 2018 - يىلى، 2019 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئېشىش سۈرئىتى %6تىن يۇقىرى بولۇش ساقلاپ قېلىندى. ساياھەتچىلىكتە تېز سۈرئەتتە ئېشىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى، 2014 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 50 مىليون ئادەم قېتىمغا يەتمەيتتى، 2019 - يىلغا كەلگەندە 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، شىددەتلىك ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا) رايونى بەينياۋخۇ كۆلى 2 - نومۇرلۇق تۈپلىكتە، جەمئىي 3 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «ئامبرون خىيالىي باغچىسى» تۈر قۇرۇلۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا.

بۇنداق چوڭ مەبلەغ سېلىش تۈرى نېمە ئۈچۈن شىنجاڭغا ماكانلاشتى؟ جىناۋ گۇرۇھىنىڭ قۇرغۇچىسى، «ئامبرون خىيالىي باغچىسى»نىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى چېن يىمىن بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق جاۋاب بەردى: «شىنجاڭ ياخشى جاي، شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ كەسپىنى گۈللەندۈرۈشكە بىزنىڭ ئىشەنچىمىز كامىل!».

شىنجاڭغا ئىشەنچ قىلىش، شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش دەل شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلگەنلىكىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى.

بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تاماملىنىدىغان يىل، جاراڭلىق بۇرغا كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىمەكتە، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، باش شۇجى كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.